# 95062 - ناركوُز ئوُكوُلى روزىنى بۇزمايدۇ

## سوئال

رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ناركوُز ئوكوُلنى ئىشلىتىش روزىنى بۇزامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ناركوُز ئوكوُلى روزا تۇتقۇچىنىڭ روزىسىنى بۇزمايدۇ، چۈنكى ئۇ يېمەك-ئىچمەكمۇ ئەمەس ياكى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدىكى نەرسىمۇ ئەمەس.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "رامىزاننىڭ كۈندۈزدە چىشىغا ناركوُز ئوكوُلى ئىشلەتسە ئۇ كىشى شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: قازاسىنى قىلمايدۇ، چۈنكى ناركوُز ئوكوُلى روزىنى بۇزمايدۇ. ئۇ قويۇلغان ئورۇنغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئاشقازانغا يەتمەيدۇ، پەرز روزا ياكى نەپلە روزا تۇتقان كىشى بۇنى ئىشلەتسە ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ". ["نۇرۇن ئەلەددەربى"پەتىۋالىرى. "شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى"15 -توم 259-بەتكە قارالسۇن].

لېكىن ناركوُز ئوكوُلنى تولۇق ئىشلىتىپ پۈتۈن كۈندۈزدە تۇيغۇسىنى يوقۇتۇپ قويغان بولسا، شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كۈندۈزنىڭ ھەممىسىدە تۇيغۇسىنى يوقاتسا، كۈندۈزدە پەقەت تۇيغۇسى ئەسلىگە كەلمىسە، شۇ كۈنلۈك روزىسى توغرا بولمايدۇ". بۇ ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام شافىئىينىڭ سۆزىدۇر.

ئاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: "تۇيغۇسىنى يوقاتقان كىشى كۈندۈزدە مەيلى ئەتىگەندە بولسۇن ياكى كەچتە بولسۇن قاچان ھوشىنى تاپسا ئۇ كىشىنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ". ["ئەلمۇغنى"3 -توم 12-بەت].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن روزا تۇتقۇچى روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە ناركوُز ئوُكوُلى سالدۇرسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوكوُل بەدەننىڭ بەزى ئەزاسىنى مەلۇم مۇددەتلىك ناركوُز قىلغانلىقى ئۈچۈن روزىنى بۇزىۋەتمەيدۇ. بۇ ئوكوُلنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن سالدۇرۇپ بۇنىڭ تەسىرىدە كۈن پاتقۇچە ئۇخلىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ شۇ كۈنلۈك روزىسى توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.